# كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدا بىر پاي ئوق ئاتسا ئۇنىڭغا بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ

ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدا بىر پاي ئوق ئاتسا ئۇنىڭغا بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: كىمكى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئاتقان ئوقى دۈشمەنگە تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. نەسائىينىڭ رىۋايىتىدىمۇ: كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر پاي ئوق ئاتىدىكەن دۈشمەنگە تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ دېيىلگەن. ئەمما ئاتقان ئوقى دۈشمەنگە تەگسە ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدىلىگە جەننەتتە يۇقىرى مەرتىۋە بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: ئاللاھ يولىدا ئوق ئېتىپ دۈشمەنگە تەگكۈزسە ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر دەرىجە بولىدۇ دېيىلگەن. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە:جەننەتتە دېيىلگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4194

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee